# كۇرسى دېگەن ئىككى پۇتنى قويۇدىغان ئورۇندۇر. ئەرشنىڭ بۈيۈكلىكىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ھېچكىم مۆلچەرلىيەلمەيدۇ

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: كۇرسى دېگەن ئىككى پۇتنى قويۇدىغان ئورۇندۇر. ئەرشنىڭ بۈيۈكلىكىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ھېچكىم مۆلچەرلىيەلمەيدۇ

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىبنى خۇزەيمە"تەۋھىد" ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئىمام ئەھمەدنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ"سۈننەت"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

كۇرسى دېگەن ئىككى پۇتنى قويۇدىغان ئورۇندۇر. يەنى: ئاللاھ تائالا ئۆزىگە نىسبەت بەرگەن كۇرسى بولسا، ئاللاھنىڭ ئىككى پۇتىنى قويۇدىغان ئورنىدۇر. كۇرسى توغرىسىدا ئىبنى ئابباس بايان قىلغان بۇ مەنادىكى ئەسەر، ئەھلى سۈننەنىڭ ئىچىدىكى مەشھۇر ۋە ئىلگىكىلەردىن ساقلىنىپ كەلگەن مەنادۇر. ئەمما ئۇنىڭدىن: كۇرسىنىڭ مەناسى ئىلىم، دەپ كەلگەن رىۋايەت بولسا، ئىلگىكىلەردىن ساقلىنىپ كەلمىگەن. شۇنىڭدەك، ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنغان: كۇرسى دېگەن ئەرشنىڭ ئۆزىدۇر، دېگەن گەپمۇ ئاجىز ۋە ئۇنىڭدىن رىۋايەت قىلىنغانلىقى سەھىھ بولمىغان گەپتۇر.«ئەرشنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ھېچكىم مۆلچەرلىيەلمەيدۇ» يەنى: ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئۈستىدە ئۆزى لايىق رەۋىشتە قارار ئالغان ئەرش ناھايىتى كاتتا مەخلۇقتۇر، ئەمما ئۇنىڭ ھەجمىنىڭ مىقدارى ۋە ئۇنىڭ كەڭرىلىكىنى بولسا، ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/6330